# مەدەنىيلىك نۇرى گۈللىنىش يولىنى يورۇتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، يېتەكچىلىكىدە، مەركەز ۋە يەرلىك ئومۇميۈزلۈك پىلانلىدى، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتتى، «مەدەنىيەت قاشتېشى بەلبېغى» قىرغاقتىكى سانسىز ماددىي ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى يېڭى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلىدى.

ئىدىيە جەھەتتە ۋەزىيەت ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەندى، مېھىر ـ مۇھەببەت چوڭقۇر، ئۇزاققىچە داۋاملاشتى.

2002 ـ يىلى، فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ ئۆلكە باشلىقلىقىنى ئۆتىگەن يولداش شى جىنپىڭ «فۇجوۋدىكى قەدىمىي ئۆيلەر» دېگەن كىتابقا كىرىش سۆز يېزىپ بەرگەندە مۇنداق كۆرسەتكەن: «قەدىمىي ئىمارەتلەرنى ياخشى قوغداش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ياخشى قوغداش تارىخنى ساقلىغانلىق، شەھەرنىڭ مەدەنىيەت تومۇرىنى ساقلىغانلىق، تارىخىي مەدەنىيەتلىك داڭلىق شەھەرلەرنىڭ شەكىلسىز مۇنەۋۋەر ئەنئەنىسىنى ساقلىغانلىق».

ئەسلىنى ئۇنتۇمىغاندا كەلگۈسىنى يارىتالىغىلى بولىدۇ.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شەھەر ـ بازارلىشىش سۈرئىتى تېزلىشىۋاتقان تارىخىي مۇساپە ئالدىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: پەقەت تارىختىن كەلگۈسىگە يۈزلىنىشتە چىڭ تۇرغاندىلا، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت قان تومۇرىنى داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدا يول ئېچىپ ئىلگىرىلىگەندىلا، بىز بۈگۈنكى ئىشلىرىمىزنى ياخشى قىلالايمىز.

باش ياز مەۋسۇمىدە، خېبېي شيۇڭئەن يېڭى رايونى رۆڭچېڭ ناھىيەسى لياڭماتەي يېزىسىنىڭ نەنياڭ كەنتىدىكى نەنياڭ خارابىلىكىنى قېزىش نەق مەيدانىدا ئالدىراش مەنزىرە كۆرۈلدى. بۇ خارابىلىك شيۇڭئەن يېڭى رايونىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ، مەدەنىيەت ماھىيەتلىك مەزمۇنى ئەڭ مول بولغان قەدىمىي خارابىلىك تۈردىكى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قوغدىلىدىغان ئورۇن.

باش شۇجى شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «جۇڭخۇانىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش، ئەۋج ئالدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، تارىخىي مەدەنىيەت تومۇرىنى داۋاملاشتۇرۇش» تەلىپى بويىچە، خېبېي شيۇڭئەن يېڭى رايونى بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى شيۇڭئەن يېڭى رايونى پۈتۈن رايون دائىرىسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈشنى ۋە باشلىنىش رايونىدىكى تەخمىنەن 100 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىدە 50 ئورۇندىكى قەدىمىي خارابىلىك، قەدىمىي قەبرىلەرنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش، سىناق تەرىقىسىدە قېزىشنى تاماملىدى.

«قوغداشنى ئاساس قىلىش، قۇتقۇزۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، مۇۋاپىق پايدىلىنىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش» — پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئەتىۋارلاشتا چىڭ تۇرۇپ، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشمۇ سىياسىي نەتىجە»دىن ئىبارەت ئىلمىي ئىدىيەنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى بىرتۇتاش ياخشى پىلانلىدى.

خېبېي جېڭدىڭ قەدىمىي شەھىرىنى قوغداشقا قارىتا، باش شۇجى شى جىنپىڭ: «توغرا بولغان قەدىمىي شەھەرنى قوغداش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇش، يەنى ئۇنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت قىممىتىنى ھەقىقىي ياخشى قوغداش»نى ئوتتۇرىغا قويدى.

ۋۇخەندىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ئورگىنىنىڭ كونا ئورنى خاتىرە سارىيىنى قۇرۇش پىلانلاشقا قارىتا، باش شۇجى شى جىنپىڭ: «كونا پېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئەسلىي قىياپىتىنى ساقلاپ قېلىش، قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش»نى تەكىتلىدى.

لياۋنىڭ فۇشۇندىكى «تۆمەن جەسەت ئازگىلى» خارابىلىكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، مىڭ دەۋرىدىكى شىسەنلىڭنىڭ سىلىڭدىكى شۇۋۇگۇڭ شامدىنى ئوغرىلاندى، باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭ ھەجىملىك مۇھىم يوليورۇق بەردى، تەستىق سالدى...

«مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا شانلىق مەدەنىيلىك سىڭگەن بولۇپ، تارىخىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىدۇ، مىللىي روھنى ساقلايدۇ، ئۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان قىممەتلىك مىراسى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مول ئوزۇق. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشنىڭ تۆھپىسى ھازىرقىلارغا، پايدىسى كېيىنكىلەرگە بولىدۇ».

تارىخنىڭ كۈچ ئۇلاش كالتىكىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، قىممەتلىك مىراسلارنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ قەلبىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

بېيجىڭ شەھىرىدە تەكشۈرگەندە، باش شۇجى مۇنداق كۆرسەتتى: تارىخىي مەدەنىيەت شەھەرنىڭ روھى، شەھەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ھاياتىمىزنى قەدىرلىگەندەك ياخشى قوغدىشىمىز كېرەك.

شىئەن مۇزېيىغا كەلگەندە، باش شۇجى كۆڭۈل بۆلگەن بىرىنچى مەسىلە شياۋيەنتا مۇنارىنى قوغداش بولۇپ، قەدىمىي قۇرۇلۇشلارنى قوغداشتا «كونا پېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشنى مەخسۇس تاپىلىدى.

دالى بەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ دالى شەھىرى ۋەنچياۋ بازىرىنىڭ گۇشېڭ كەنتىگە كەلگەندە، باش شۇجى مۇنداق كۆرسەتتى: يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىدا جەزمەن «يېزا پۇراقىغا ئەھمىيەت بېرىش، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ قىياپىتىنى ساقلاپ قېلىش، يېشىل تاغ، سۈزۈك سۇلارنى ساقلاپ قېلىش، يۇرت سېغىنىشنى ئەستە ساقلاش» كېرەك.

گۇاڭجوۋ شەھىرىنىڭ لىۋەن رايونى شىگۇەن تارىخىي مەدەنىيەت كوچىسى رايونىدىكى يۇڭچىڭفاڭ رەستىسىدە، باش شۇجى يۆجۈ تىياتىرى سەنئەت مۇزېيىدا ھەۋەسكارلارنى يۆجۈ تىياتىرىغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ياخشى ئەۋج ئالدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

...

تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى ئەستە چىڭ ساقلاش، يىللارنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرۈش، مەدەنىيەت يىلتىزىنى ساقلاپ قېلىش.

باش شۇجى شى جىنپىڭ شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىدۇكى: «بىر مىللەتنىڭ گۈللىنىشى قۇدرەتلىك ماددىي كۈچكە ئېھتىياجلىق، قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچكىمۇ ئېھتىياجلىق».

ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى يېتەكلەپ شاڭخەيدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 1 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىن ئورنى ۋە جېجياڭ جياشىڭ نەنخۇ كۆلىدىكى قىزىل كېمىگە ھۆرمەت بىلدۈردى، پارتىيەنىڭ قۇرۇلۇش تارىخىنى ئەسلىدى، پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى تەكرارلىدى.

ئۇ شىبەيپو، يەنئەن، جىڭگاڭشەن قاتارلىق ئىنقىلابىي مۇقەددەس جايلارنى كېزىپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇمايدىغان قىزىل ئىزلارنى قالدۇردى.

تارىخ ئارقىلىق ئېتىقادنى ھېس قىلغىلى، روھنى ئۇرغۇتقىلى بولىدۇ.

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي مىراسلارنى قوغداشنىڭ پەلەككە تاقاشقان دەرىخى يېڭى شاخلارنى چىقاردى، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى يادرو قىلغان مىللىي روھ ۋە ئىسلاھاتتا يېڭىلىق يارىتىشنى يادرو قىلغان دەۋر روھى خۇش پۇراق چاچتى.

جياڭسۇ شۈجوۋ، پەنئەنخۇ كۆلى دۆلەتلىك سۇلۇق يەر باغچىسىدا يېشى 80دىن ئاشقان ۋاڭ شيۇيىڭ خۇش پۇراق خالتا خىزمەتخانىسىدا يىپ ـ يىڭنە ئىشى بىلەن ئالدىراش ئىدى.

2017 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ پەنئەنخۇ كۆلى كوچىسى ماجۇاڭ كەنتىگە كېلىپ، كەنتتىكى خۇش پۇراق خالتا ياساش ئۆيىگە كىردى. باش شۇجى ۋاڭ شيۇيىڭ تىككەن جۇڭيى دورىلىق خۇش پۇراق خالتىنى ئېلىپ، ئۆزى پۇل چىقىرىپ بىرنى سېتىۋېلىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ: «مەنمۇ قوللاپ قوياي» دېدى.

مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي مىراسلارنى قوغداش دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان تەرەققىياتىنىڭ يىراق كەلگۈسىنى پىلانلاش بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، ئاۋامنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى، ئارزۇسى.

ھازىر ماجۇاڭ كەنتىنىڭ خۇش پۇراق خالتىسى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە ئالقىشقا ئېرىشىپ، كەنتتىكىلەرنىڭ بېيىش «ئەڭگۈشتەرى»گە ئايلاندى. ۋاڭ شيۇيىڭ مۇنداق دېدى: «گەرچە ياشىنىپ قالغان بولساممۇ، يەنە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ياخشى ۋارىسلىق قىلىپ، جەمئىيەتكە ئازراق بولسىمۇ تۆھپە قوشىمەن».

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي مىراسلارنى قوغداش خىزمىتى خەلقنىڭ دەۋر ئېھتىياجىغا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، ئۆزىدىكى غايەت زور ئېنېرگىيەنى ئۈزلۈكسىز قويۇپ بەردى.

## كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىش، ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش

**— جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ھەيۋەتلىك مۇساپىسىدە، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ، باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي مىراسلارنى قوغداش خىزمىتىنى تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلىدى**

«دۇنيا مىراسىغا ئىلتىماس قىلىش تېخىمۇ ياخشى قوغداش ۋە پايدىلىنىش ئۈچۈندۇر، مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ، خەلقئارالىق ئىدىيەدىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز قالدۇرغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى قوغداپ، تارىخىي مەدەنىيەت تومۇرىغا تېخىمۇ ياخشى ۋارىسلىق قىلىش كېرەك.» 2017 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، گۇلاڭيۈ «دۇنيا مىراسلىرى تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم يوليورۇق بەردى.

شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز بويىدىكى بۇ كىچىككىنە ئارالغا ئۇنتۇلغۇسىز دوستلۇق يوشۇرۇنغان.

بۈگۈنكى كۈندە، گۇلاڭيۈدىكى «بەلگە» ئىمارەت دەپ قارالغان باگۇا راۋىقى ئىلگىرى ئۇزاق يىل رېمونتسىز قالغان، كونىراپ كەتكەنىدى. رېمونت قىلىش خىزمىتى خىراجەتتە قىيىنچىلىق بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئەينى چاغدا شيامېن شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىقىنى ئۆتەۋاتقان يولداش شى جىنپىڭ ئالاقىدار تارماقلارغا 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىش توغرىسىدا دەرھال يوليورۇق بېرىپ، كۆز ئالدىدىكى جىددىي قىيىنچىلىقنى ھەل قىلدى.

بۈگۈنكى كۈندە، لەرزان دېڭىز شامىلىغا ئەگىشىپ ئارالنى سەيلە قىلغاندا، ھەر خىل ئۇسلۇبتىكى تارىخىي ئىمارەتلەر ساياھەتچىلەرنى خۇددى يۈگمە رەسىم ئېچىپ كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ.

قوغداش داۋامىدا تەرەققىي قىلدۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇش داۋامىدا قوغداش — گۇلاڭيۈدىكى ئۆزگىرىشلەر دەل يېڭى دەۋردىكى مىراسلارنى قوغداش خىزمىتى ئىسلاھاتتا يېڭىلىق يارىتىلغانلىقنىڭ جانلىق كارتىنىسى.

2018 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 3 ـ قېتىملىق يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىسلاھاتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكىر» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىسلاھاتىنى كۈچەيتىش دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«قوغداش بىلەن پايدىلىنىش ئىزچىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىدە بىرىنى تاشلاپ قويۇشقا بولمايدىغان ئىككى تەرەپ بولۇپ كەلدى. بۇ ھۆججەتنىڭ چىقىرىلىشى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى ئىسلاھاتتا يېڭىلىق يارىتىشتا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە» دېدى دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى ليۇ يۈجۇ.

كۆكشىل جايلاشقان ئۈچ دەريا مەنبەسى چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىدىكى كۆللەر ئەڭ زىچ توپلاشقان جاي، بۇ جاي چاڭجياڭ دەرياسى، خۇاڭخې دەرياسى ۋە لەنساڭجياڭ دەرياسىنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئوبرازلىق ھالدا «جۇڭخۇا سۇ مۇنارى» دەپ تەرىپلىنىدۇ.

2016 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ چىڭخەي ئۆلكىلىك ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى كۆزىتىپ ئۆلچەش مەركىزىگە كېلىپ، سىن ئارقىلىق ئۈچ دەريا مەنبەسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك بايلىقنى باشقۇرۇش ـ قوغداش خىزمىتىنى تەپسىلىي سۈرۈشتۈردى.

ئىككى يىلدىن كېيىن، ئېكولوگىيەنى باشقۇرىدىغان، قوغدايدىغان 40 چارۋىچىدىن تەشكىللەنگەن تىبەت بۆكىنىنىڭ كۆچۈشىنى قوغداش ئەترىتى ئۈچ دەريا مەنبەسى دۆلەت باغچىسى باشقۇرۇش ئىدارىسى بەرگەن بايراقنى تاپشۇرۇۋالدى. كۆكشىلدىكى ئەتىۋارلىق جانلىقلار شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تېخىمۇ بەختىيار ماكانغا ئىگە بولدى.

نۆۋەتتە، ئۈچ دەريا مەنبەسى دۆلەت باغچىسىدا ئېكولوگىيە ئاممىۋى پاراۋانلىق ئىش ئورنى «بىر ئائىلىگە بىر ئىش ئورنى بولۇش» ئەندىزىسى تەدرىجىي كېڭەيتىلدى، شۇ جايدىكى 17 مىڭ چارۋىچى ئېكولوگىيەنى باشقۇرۇش ـ قوغداش قوشۇنىغا قوشۇلدى، تەبىئىي مىراس جايدىكى كىشىلەر شۇنىڭدىن باشلاپ «ئېكولوگىيە قاچىسى»نى كۆتۈرۈپ، «يېشىل تاماق» يېدى.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، قۇرۇلمىسى تېخىمۇ ئايدىڭ، مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ ئېنىق بولغان تۈزۈم قۇرۇلۇشى مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي مىراسلارنى قوغداش خىزمىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلماقتا.

— بۇ، مول «ئاساس»نى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۆتكىگىلى بولىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش تۇنجى قېتىم ئوڭۇشلۇق تاماملاندى، 108 مىليون 150 مىڭ پارچە/ يۈرۈش دۆلەت ئىلكىدىكى يۆتكىگىلى بولىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقىنىڭ «ئاساسى» ئېنىقلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئۇل سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈكلۈكى، توغرىلىقى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈلدى.

— بۇ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى جىنايىتىگە قارىتىلغان قاتتىق ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈش. 2017 ـ يىلىدىن بۇيان، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى داۋاملىق بىرلىشىپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى جىنايىتىگە زەربە بېرىش مەخسۇس ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، مۇھىم جەڭ نەتىجىسىگە ئېرىشتى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى جىنايىتى دېلوسىدىن 1572نى پاش قىلىپ، 2590 جىنايەت گۇماندارىنى قولغا چۈشۈردى، 10 مىڭدىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى قايتۇرۇۋالدى.

— بۇ، مەدەنىيلىك يىلتىزىغا بولغان ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىش. جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ مەنبەسىنى ئىزدەش قۇرۇلۇشى ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار ئارقىلىق جۇڭخۇا زېمىنىنىڭ 5000 يىلدىن ئارتۇق مەدەنىيلىكى ھەممە جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ «كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن، ھەممىنى قوبۇل قىلىدىغان، ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدىغان» ئومۇمىي ئالاھىدىلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇزاق تارىخقا ئىگە مەدەنىيلىككە ۋارىسلىق قىلىش شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تارىخ كىتابلىرىدىكى سارغىيىپ كەتكەن ئەسلىمىلا بولۇپ قالمىدى.

— بۇ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ «ئۆيگە قايتىش»نى قارشى ئېلىشتىكى تەسىرلىك ھېكايە. قانۇن ئىجرا قىلىش ھەمكارلىقى، دىپلوماتىيە جەھەتتىن ياراشتۇرۇش، ئەدلىيە دەۋاسى، سۆھبەتلىشىپ كېڭىشىش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق، جۇڭگو ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە، دانىيە، كانادا، ئاۋسترالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن 5000دىن ئارتۇق ئېقىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قايتۇرۇپ كەلدى ھەم تارىختا ئېقىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئەسلىي تەۋە دۆلەتكە قايتۇرۇپ كېلىشتەك دۇنياۋى قىيىن مەسىلىنى يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرلىك ھەل قىلدى.

— بۇ، ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ سەنئەتكە ۋارىسلىق قىلىپ گۈللەندۈرۈش. مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقى قاتارلىق تارماقلار «جۇڭگو غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋارىسلىرى توپىنىڭ تەتقىق قىلىپ بىلىم ئاشۇرۇش، تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىش بويىچە تەربىيەلەش پىلانى»نى بىرلىشىپ يولغا قويدى، 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قاتناشقان شۆيۈەن، مەكتەپ 118گە يەتتى، تەربىيەلەنگەن كۇرسانت 27 مىڭ ئادەم قېتىم بولدى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قاتناشقان كىشىلەر تۈپى 95 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى.

بىر بىنانى قوغداشتىن بىر ئارالنى قەدىرلەشكىچە، بىر شەھەر قۇرۇشتىن بىر دۆلەتكە يېتەكچىلىك قىلىشقىچە، بىر تۈرلۈك ماھارەتكە ۋارىسلىق قىلىشتىن بىر خىل ساپانى ئومۇملاشتۇرۇشقىچە... باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت تومۇرىنى قوغداشتىكى ئەسلىي مەقسىتى ئۆزگەرمىدى، قىممەتلىك مىراسلارغا ئەھمىيەت بېرىشى ئىزچىل ئۆزگەرمىدى.

چوڭ قانالدىن گۇلاڭيۈگىچە، كۆكشىلدىن فەنجىڭشەن تېغىغىچە... جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخىي ئەسلىمىسى سىڭگەن مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي مىراسلار گۆھىرى بارغانسېرى كۆزنى قاماشتۇرماقتا. بۈگۈنگە قەدەر، جۇڭگو 53 تۈرلۈك دۇنيا مىراسىغا ئىگە بولۇپ، دۇنيا بويىچە 2 ـ ئورۇندا تۇردى؛ 40 تۈر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكى(كاتالوگى)گە كىرگۈزۈلۈپ، دۇنيا بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇردى.

ئىشنى ئەستايىدىللىق بىلەن پۇختا قىلغاندىلا نىشانغا يەتكىلى بولىدۇ، كىچىك ئېقىنلاردىن دەريا ـ دېڭىزلار ھاسىل بولىدۇ.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي مىراسلارنى قوغداش خىزمىتىنىڭ ئاساسى قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى ——

مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقىتىپ، تۇنجى قېتىم مەركەزنىڭ ھۆججىتى شەكلىدە جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى مەخسۇس تېمىدا ئىزاھلىدى؛ «ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش قۇرۇلۇشى (2018 ـ يىلىدىن 2022 ـ يىلىغىچە)نى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر»دە ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش تەلەپ قىلىندى؛ «سەددىچىن سېپىلىنى قوغداش ئومۇمىي يىرىك پىلانى»دا سەددىچىن سېپىلىنى قوغداش، رېمونت قىلىشتا ئەسلىي قىياپىتىنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇش ئايدىڭلاشتۇرۇلدى...

ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچى مۇجەسسەملىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي مىراسلارنى قوغداش خىزمىتىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى كونسېرى بېيىتىلىپ، ھاياتىي كۈچى ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇتۇلۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ يېڭى باسقۇچىغا قەدەم تاشلاندى.

## ئالتۇن رەڭلىك ئىسىم كارتىسى، يارقىن نۇر چېچىش

**— دۇنياغا يۈزلىنىپ، كەلگۈسى كۆزلەندى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي مىراسلارنى قوغداش ئىشلىرىنىڭ ئىستىقبالى پارلاق بولۇپ، مەدەنىيەت ئىشەنچى مىليونلىغان جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ قەلبىدە ئۈزلۈكسىز ئاشتى**

باش يازدا، بارلىق مەۋجۇداتلار گۈزەللىكىنى تەڭ نامايان قىلدى. جۇڭگو بېيجىڭ ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ھەرقايسى تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلارنى، دوستلارنى كۈتۈۋالدى.

«يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۆك گۈللۈك لوڭقا ئىنتايىن ئاز ساقلىنىپ قالغان، بۇ ساقلانغان بۇيۇمنى ساپال بۇيۇملار ئىچىدىكى مۇشۇكئېيىق دېيىشكە بولىدۇ.» «گۈزەل ئاسىيا — ئاسىيا مەدەنىيلىك كۆرگەزمىسى»دىكى نەپىس مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئالدىدا، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ جايىدا قوللانغان قىزىقارلىق مىسالى يىراقتىن كەلگەن چەت ئەل رەھبەرلىرىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان مەدەنىيەت گۆھىرى جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ ئالتۇن رەڭلىك ئىسىم كارتىسى.

مەيلى دۆلەت باشلىقلىرى ئۇچرىشىشى بولسۇن ياكى زىيارەت دىپلوماتىيەسى بولسۇن، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، رەئىس شى جىنپىڭ تۈرلۈك سورۇنلاردا مەدەنىيەت گۆھىرى ئارقىسىدىكى جۇڭگو ھېكايىسىنى جانلىق بايان قىلدى.

ئۇ 600 يىلغا يېقىن مۇسلىسىز ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن زىجىنچېڭدا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ترامپنى كۈتۈۋېلىشنى تاللىدى، قەدىمىي شەھەر شىئەندە ھىندىستان زۇڭلىسى مودى بىلەن جۇڭگو ـ ھىندىستاننىڭ قەدىمكى زاماندىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا نەزەر سالدى؛

ئۇ تۇنجى نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا، مىڭ يىللىق «ئالتۇن ھالقىلىق مىس پىلە قۇرتى»نى دەلىل قىلىپ، ئەجدادلارنىڭ 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى قەدىمىي يىپەك يولىنى ئېچىپ، جۇڭگو ـ چەت ئەل دوستانە ئالاقىسىنىڭ يېڭى كۆزنىكىنى ئاچقانلىقىدەك ئۇلۇغ ئىشنى بايان قىلدى؛

...

بەش قولدەك تونۇش، قاتتىق باش قاتۇرۇش. ئالتۇن رەڭلىك ئىسىم كارتىسى، دۇنيادا چاقناش.

2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، كامبودژا شيەنلى. جۇڭگونىڭ ئۈچ نەپەر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش مۇتەخەسسىسى كامبودژا مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ۋەزىرى پېڭساگېنونىڭ قولىدىن كامبودژا پادىشاھلىقىنىڭ چەۋەندازلىق ئوردېنىنى تاپشۇرۇۋالدى.

جوۋسا بۇتخانىسىدىن چاجياۋ ئىبادەتخانىسىغىچە، يەنە ۋۇگې قەدىمىي يادىكارلىقلىرىدىكى ئەڭ يادرولۇق خان سارىيى خارابىلىكىگىچە، جۇڭگو مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ كەسپىيلىكى ۋە كەسپچانلىقى كىشىلەرنى، دۇنيا ئەھلىنى قايىل قىلدى.

بۈگۈنكى جۇڭگو جۇڭگونىڭ جۇڭگوسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئاسىيانىڭ جۇڭگوسى، دۇنيانىڭ جۇڭگوسى.

قىزىل دېڭىز ساھىلى، جۇڭگو ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان ئارخېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، سەيلىن پورتىنىڭ تارىخىي چۈەبىلى تەدرىجىي ئېچىلىپ، كۆمۈلۈپ قالغان بىر بۆلەك يىپەك يولى خاتىرىسىنى ئويغاتتى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)